شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 11 ـ ئاي
27
چارشەنبە
维吾尔文 11 月27日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65－0002/－W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24892 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن يەر ھۆددىگەرلىكى مۇناسىۋىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ھەم ئۇزاققىچە ئۆزگەرتمەسلىك توغرىسىدىكى پىكىرنى ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «يەر ھۆددىگەرلىكى مۇناسىۋىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ھەم ئۇزاققىچە ئۆزگەرتمەسلىك، 2 ـ نۆۋەتلىك يەر ھۆددە مۇددىتى توشقاندىن كېيىن يەنە 30 يىل ئۇزارتىش» دېگەن تەلەپ بويىچە، دېھقانلارنىڭ يەر ھۆددىگەرلىكى ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىش، يېزىلاردىكى يەر ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن يەر ھۆددىگەرلىكى مۇناسىۋىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ھەم ئۇزاققىچە ئۆزگەرتمەسلىك توغرىسىدىكى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئائىلە ھۆددىگەرلىكى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 11 ـ قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتنى داۋاملىق ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇش، ئەتراپلىق ئىگىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك

## لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شى جىنپىڭ 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 11 ـ قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى بىلەن پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى تارىخ لوگىكىسى جەھەتتىن تومۇرداش، نەزەرىيە لوگىكىسى جەھەتتىن ئۆزئارا تىرەك بولىدۇ، ئەمەلىيەت لوگىكىسى جەھەتتىن ھالقىلىرى تۇتاش، نىشان يۆنىلىشى جەھەتتە ئىزچىللىققا ئىگە، مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىلىرى داۋاملاشتۇرۇلغان، تەدرىجىي ئىلگىرىلىتىلگەن. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ نەزەرىيە نەتىجىلىرى، تۈزۈم نەتىجىلىرى، ئەمەلىيەت نەتىجىلىرى سىستېمىلىق تۈپلەشتۈرۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى دەۋردە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا قارىتا تېخىمۇ ئېنىق يۇقىرى قاتلام لايىھەسى تۈزۈلدى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى ئاساسىي ئوق قىلىپ، ئىسلاھات ئارقىلىق دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىسلاھاتنى داۋاملىق ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈرلۈك ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنىڭ ئورۇندىلىنىش ئەھۋالىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ رەتلەپ، ھەم 4 ـ ئومۇمىي يىغىندا ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان مۇھىم تەدبىرلەرنى خىزمەت كۈنتەرتىپىگە ۋاقتىدا كىرگۈزۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئايدىڭلاشتۇرغان دۆلەت ئىدارە قىلىشتا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان تۈزۈم، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان يېڭى ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تۈزۈملەرنى تەتقىق قىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇش، ئەتراپلىق ئىگىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۇختا نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا «تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر»، «يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش، قوغداش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر»، «دۆلىتىمىزنىڭ داۋالاش كاپالىتى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»، «يېڭى دەۋردىكى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئەمگەك تەربىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»، «زامانىۋى مۇھىت تۈزەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»، «يېڭى دەۋردە مائارىپ نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك تۈزۈلمە ـ مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»، «يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكىر»، «مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ‹قارارى› مۇھىم تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىش تەقسىماتى لايىھەسى» ۋە «پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى باھالاش دوكلاتى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

---

**شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە**

# ئاپتونوم رايونىمىز يېشىل سەپەر ھەرىكىتى پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى

## 2022 ـ يىلى پاكىز ـ تۆۋەن كاربونلۇق يېشىل سەپەر مۇلازىمەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇپ چىقىلىدۇ

مۇخبىرىمىز **خېي خۇڭۋېي**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى قاتارلىق 13 تارماق ۋە ئورۇن بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېشىل سەپەر ھەرىكىتى پىلانى (2019 —— 2022 ـ يىل)»نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقىتىپ، 2022 ـ يىلغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، ئېكولوگىيىلىك ـ دوستانە، پاكىز ـ تۆۋەن كاربونلۇق، تۈجۈپىلىك ـ يۇقىرى ئۈنۈملۈك، بىخەتەر ـ قولايلىق يېشىل سەپەر مۇلازىمەت سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«ھەرىكەت پىلانى» ئۇنىۋېرسال ترانسپورت مۇلازىمەت تورى بەرپا قىلىش، ئاممىۋى قاتناش مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەمئىي سەككىز قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، 22 كونكرېت ھەرىكەت تەدبىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### شۆھرەت زاكىر ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل غوپۇر** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيەتنى قەتئىي زىممىگە ئېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 ـ يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 ـ يىغىنى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شىنجاڭ خەلق سارىيىدا 1 ـ ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملاردىن 53 كىشى يىغىنغا قاتناشتى، بۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 13 ـ يىغىنىنىڭ قارالمىسى ماقۇللاندى. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى قاتارلىقلار يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، «ئاپتونوم رايوننىڭ گېئوئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش نىزامى (لايىھە)»نى قاراپ چىقىش نەتىجە دوكلاتى، «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىش نىزامىنىڭ تۈزىتىلمىسى (لايىھە)» ئىزاھاتى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# تارباغاتاي ۋىلايىتى: دىققەتنى ئاممىنىڭ كۆڭۈل بۆلگىنىگە مەركەزلەشتۈرۈش ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش

## —— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك خەۋەر

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**
**دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش**

□ مۇخبىرلىرىمىز جاڭ تىڭ، شيا چىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جاڭ پېيچى

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، تارباغاتاي ۋىلايىتى «2 + 8» مەخسۇس تۈزەش، «3 + 3 + 1» خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىشنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەپ، ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىش ئەمەلىي ئۈنۈمى ئارقىلىق ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇردى. ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن ۋىلايەتتە ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قارايدىغان، زىيان يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك مەسىلە يىپ ئۇچىدىن 266نى بايقاپ، 153 كىشىنى جازالاپ، مەخسۇس تۈزەشكە تۈرتكە بولۇشتا باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP

**دوكلات باش شۇجى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىشەنچىمىز بار**

# ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئىشىنى ياخشى قىلىش

## —— ئېغىر نامرات ناھىيەلەرنىڭ بىرىنچى سېپىدىن كەلگەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش (8)

□ **گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى خەن چىنيەن، يۇ چياڭفۇ، لىيۇ يى**

يوپۇرغا ناھىيەسى ئېغىر نامرات ناھىيە بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 170 مىڭدىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى 136 مىڭ كىشى. تەبىئىي مۇھىتى ئاجىز بولۇش، ئۇل ئەسلىھەلىرى ئاجىز بولۇش، كەسىپلەر تەرەققىياتى ئارقىدا قېلىش قاتارلىق ئامىللار شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويغان. 2014 ـ يىلى دەل جايىدا پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق، پۈتۈن ناھىيەدە جەمئىي 68 نامرات كەنت (بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر نامرات كەنت 49)، 13 مىڭ 922 ئائىلىلىك 55 مىڭ 820 نامرات نوپۇس بولۇپ، نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتىنىڭ 31.29% ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى باشلانغاندىن بۇيان، يوپۇرغا ناھىيەسى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئىشىنى ياخشى قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 2014 ـ يىلدىن بۇيان، جەمئىي 6 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئىشلەتتى، 2018 ـ يىلىغىچە جەمئىي 10 مىڭ 724 ئائىلىلىك 43 مىڭ 682 نامراتنى ئازايتتى. بۇ يىل 2917 ئائىلىلىك 11 مىڭ 187 كىشىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، 38 نامرات كەنتنى نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈش، نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتىنى 0.66%كە چۈشۈرۈش مۆلچەرلەندى.

10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، مۇخبىرلار يوپۇرغا ناھىيەسىگە كېلىپ، يوپۇرغا ناھىيەسىنىڭ يېزىلىرىدا يۈزبەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بىۋاسىتە ھېس قىلدى، پۈتۈن ناھىيەدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، نامراتلىق قالپىقىنى تاشلاش ئىرادىسى ۋە غەيرەتكە تولغانلىقىنى ھېس قىلدى.

**ئېلېكترونلۇق سودا: ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتتى**

ئېتىزلىقتىكى چىلانلار پىشىپ، ئۈزۈلۈش ئالدىدا تۇراتتى، يوپۇرغا ناھىيەسى يەكشەنبە بازار يېزىسى ئۈسۈت كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى قادىر ئىسمائىل زېھنىي كۈچىنى ئۆز ئائىلىسىنىڭ ھويلا ـ ئارانىغا سەرپ قىلدى، ئۇ ئاكىسى بىلەن كۆلىمى تەخمىنەن 80 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئەگمە لاپاس ياساپ، پالەك ۋە بەسەي تېرىدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

**【ئاخبارات تېز سىزمىسى】**




10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، يوپۇرغا ناھىيەسىنىڭ يوپۇرغا يېزىسى ئوتتۇرا تىگىن كەنتىدىكى ئېلېكتروتلۇق سودا مۇلازىمەت پونكىتىنىڭ تىجارەتچىسى مەمەتئەلى ياسىن ۋە دۇكان خىزمەتچىسى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ توردىن مال زاكاز قىلىشىغا ياردەملەشمەكتە. يوپۇرغا ناھىيەسى «دۆلەت دەرىجىلىك ئېلېكتروتلۇق سودىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈشتە ئۇنىۋېرسال ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيەسى»، نۆۋەتتە ھويلا ـ ئاران يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى رايون خاراكتېرلىك يېپىق ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش سۈپىسى، كۆپ مىقدارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش ـ سېتىش سۈپىسى ۋە سۈپەتلىك ماركىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ماركېتىنىڭ سۈپىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئېلېكتروتلۇق سودا سۈپىسى قۇرۇلۇپ بولدى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئۈچ تۈرلۈك ئېلېكتروتلۇق سودا سۈپىسى ئارقىلىق، 16 مىڭ توننا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى سېتىلدى، سوممىسى 110 مىليون يۈەن بولدى. □ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى لى جېننەن سىزغان

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىگىلىمەك كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ

# ئۈمىد يولىنى ئېچىش

□ **لىيۇ يى**

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خاتىرىسى

2014 ـ يىلى، يوپۇرغا ناھىيەسىدە نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى 31.29% ئىدى؛ 2019 ـ يىلى، يوپۇرغا ناھىيەسىدە نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتىنىڭ 0.66%كە تۆۋەنلىشى مۆلچەرلەندى. بۇنىڭغا پەقەت بەش يىل ۋاقىت سەرپ قىلىندى، بۇ نەتىجىلەر تەستە قولغا كەلگەن بولۇپ، جەريانى تولىمۇ مۈشكۈل بولدى.

170 مىڭ نوپۇسى بار يوپۇرغا ناھىيەسى قانداق قىلىپ ئاپئاق شورلۇق يەردە ئۆزىگە تەۋە تىرەك كەسىپ بەرپا قىلالىدى؟

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى باشلانغاندىن بۇيان، يوپۇرغا ناھىيەسى بۆسۈپ ئۆتۈشكە، جان تىكىپ ئىشلەشكە جۈرئەت قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىلمىي، ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدەندى. پۈتۈن ناھىيە خەلقى شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىدىكى، يوپۇرغا ناھىيەسى باي بولۇشنى ئويلايدىكەن، جەزمەن ئۆز يولىدا مېڭىپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات شەرتىنى قاندۇرالايدىغان، تىرىشچانلىقى ۋە ئەجرىگە يارىشا بېيىيالايدىغان بىر يولنى تاپالايدۇ.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)